يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

لوپ ناھىيەسىدە:

# باچكا بېقىش دېھقانلارنىڭ بېيىش ئارزۇسىنى قاناتلاندۇردى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جېڭ جو، لىۋ يى

ھەر كۈنى لوپ ناھىيەسىنىڭ ھاڭگىيا بازىرى خېجياشىن كەنتىدىكى نەسىللىك كەپتەر يېتىشتۈرۈش بازىسىدىن كەپتەرلەرنىڭ بۇقۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، خىزمەت كىيىمى، پەلەي كىيىۋالغان ئىشچىلار باچكا چىقىرىش ئۆيى، ماتېرىيال ئۆيى ۋە ئامبار ئارىسىدا ئالدىراش يۈرىدۇ. مەڭلىكسۇلتان ھەبىبۇللانىڭ خىزمىتى بازىدىكى نەسىللىك كەپتەرلەرگە دان ۋە سۇ بېرىش ئىدى. 2019 - يىلى 6 - ئايدا زاۋۇتقا كىرىپ يەم توشۇغۇچى بولغاندىن كېيىن، مەڭلىكسۇلتاننىڭ ئايلىق مائاشى 2500 يۈەن بولدى. «مېنىڭ ئۆيۈم خېجياشىن كەنتىدە، بۇ يەردە خىزمەت قىلسام ئۆيۈمگە يېقىن بولۇپلا قالماي، ھەر ئايلىق كىرىمىمۇ ناھايىتى مۇقىم، تۇرمۇشۇم بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ».

مەڭلىكسۇلتان خىزمەت قىلىۋاتقان يېتىشتۈرۈش بازىسى ئەتراپىتىكى 70تىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم يول بولۇپ قالدى. «ئىلگىرى ئائىلىدە تارقاق بېقىلىدىغان باچكىنىڭ چوڭ كەسىپكە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.» ھاڭگىيا بازىرى زامچىئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى تۇنساخان مەخمۇت بازىغا كەلگەندىن كېيىن، ئەڭ ئاساسىي بىلىملەردىن باشلاپ تەربىيەلىنىشنى قوبۇل قىلىپ، ناھايىتى تېزلا ئادەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىدىن ئۇستامىغا ئايلىنىپ، تۇخۇم باستۇرۇش، تېمپېراتۇرىنى كونترول قىلىش قاتارلىق ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى خادىملارنى تەربىيەلەشكىمۇ مەسئۇل بولدى. «مەن گۆش كەپتىرى بېقىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋاتىمەن، ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن تېخنىكا خاراكتېرى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىش ئورنىدا ئىشلەش ئۈچۈن تىرىشىمەن، شۇنداق بولغاندا ھەر ئايدا 4000 يۈەن مائاش ئالالايمەن».

لوپ ناھىيەسىدە كەپتەر بېقىش ئەنئەنىسى بار، لېكىن كەپتەر بېقىشنى كەسىپ قىلىپ كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش تېخى مۇشۇ نەچچە يىلدىكى ئىش. قان ئىشلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، لوپ ناھىيەسى «كەسىپنى تۇتۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش، تەرەققىياتنى كۆزلەش» نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش ۋە ھۆكۈمەت بىلەن كارخانا ھەمكارلىشىش شەكلى ئارقىلىق «كارخانا + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + بىرلەشمە گەۋدە + نامرات ئائىلە» ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، كەپتەرچىلىكنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

كەنت ئاھالىلىرىنى بالدۇرراق نەپكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، يەرلىك ھۆكۈمەت نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى بىرلەشتۈرۈپ، باشلامچى كارخانىلار پايىغا سۇندۇرۇپ مىقدارلاشتۇرۇش شەكلىنى قوللىنىپ، پايدا ھوقۇقىنى كەنت ئاھالىلىرىگە مىقدارلاشتۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كارخانا ئەتراپىدىكى ئالتە كەنتتە زۇدەي نەسىللىك كەپتەر ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، مۈلۈك كەنت كوللېكتىپىغا، پايدا كەنت ئاھالىلىرىگە تەۋە بولدى، كەنت ئاھالىلىرىگە يىل ئاخىرىدا بەلگىلىك نىسبەت بويىچە پايدا بۆلۈپ بېرىلدى.

خېجياشىن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى نۇرمەمەت ئابلىز ھەمكارلىق كوپېراتىپى باقمىچىلىقىغا بىرقەدەر بۇرۇن قاتناشقان بىر تۈركۈم نامرات ئاھالىلەرنىڭ بىرى ئىدى. «ئەينى چاغدا ناۋادا پۇلۇم يوقاپ كەتسە قانداق قىلامەن؟ دەپ ئەندىشە قىلغانىدىم» دېدى ئۇ. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى خىزمەت ئىشلەپ ھەم ئوتتۇرىغا چىقىپ كېپىل بولۇپ، فۇمۇدەي نەسىللىك كەپتەر ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن 16نى ۋە بىرلەشمە گەۋدىدىن 20نى تەشكىللەپ قۇردى، كوپېراتىپ ئەزاسى 120گە يېتىپ، ئالاقىدار ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى.

«كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەربىرى 2000 يۈەندىن پاي قوشتى، ھۆكۈمەت كەپتەر ئېلىپ بەردى، سېتىلغاندىن كېيىن ھەر يىلى ھەربىر ئائىلىگە 8% نىسبەت بويىچە پايدا بۆلۈپ بەردى.» نۇرمەمەتنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر ئۇ خوتۇنى بىلەن يېتىشتۈرۈش بازىسىدا ئىشلەيدىكەن، مائاشىغا يىللىق پايدا قوشۇلۇپ، كۈنلىرى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋېتىپتۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، لوپ ناھىيەسى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ «10، 100، 1000، 10 مىڭ، 100 مىليون» دەرىجىلىك كەسىپ تەرەققىيات ئومۇمىي پىكىر يولىغا ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېتىشتۈرۈش، باقمىچىلىق، پىششىقلاش، سېتىش بىر گەۋدىلەشكەن ئومۇمىي كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈردى. كەپتەرچىلىك ئارقىلىق ناھىيە بويىچە 7700دىن ئارتۇق نامرات نوپۇسنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇندى. كېيىنكى قەدەمدە، لوپ ناھىيەسى كەپتەرچىلىك يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ، كەپتەر تۇخۇمى، توڭلىتىلغان باچكا قاتارلىق يېمەكلىك ماتېرىياللىرىنى باشلامچى كارخانىلارنىڭ سېتىش يوللىرىدىن پايدىلىنىپ سېتىپ، زەنجىرسىمان داڭلىق دۇكانلار بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، دېھقانلار بىلەن تاللا بازارلىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ، تور ۋە تور سىرتى يۇغۇرۇلغان كۆپ مەنبەلىك سېتىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىنچىكە پىششىقلاشنى تېزلىتىپ، يۇقىرى، تۆۋەن كەسىپ زەنجىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، ھازىر بار بولغان كەسىپلەرنى زورايتىپ، كۈچەيتىپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئەلالاشتۇرۇپ، كەپتەرچىلىكنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرىدۇ.

# باغراش كۆلى تېخىمۇ «ساغلام» بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ مۇشۇ يەردە چوڭ بولغان كۆل چارلىغۇچى بالجىپ باغراش كۆلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولدى.

كېسەل داۋالاشتا كېسەلگە قاراپ دورا بېرىش كېرەك. باغراش ناھىيەسى دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتقا قىلىپ، باغراش كۆلىدىكى نۇقتىلىق بۇلغانغان رايون خۇاڭشۈي جىلغىسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، باغراش كۆلىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى تۈزەش تۈرىنى يولغا قويدى.

لىۋ يى مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: بۇ يىل خۇاڭشۈي جىلغىسى ئارقىلىق باغراش كۆلىگە 156 مىليون كۇب مېتىر ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بېرىلدى، خۇاڭشۈي جىلغىسى تەدرىجىي ھالدا ئىلگىرىكى سۇ قۇشلىرى ياشايدىغان، كۆپىيىدىغان جاي ۋە ياۋايى بېلىقلار قايتىدىغان، تۇخۇم تۇغىدىغان چوڭ يول بولۇشتەك ھالىتىگە قايتىپ، باغراش كۆلى چوڭ كۆل رايونىدىكى سۇنىڭ چوڭ ئايلىنىشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، سۇ مۇھىتىنىڭ سۈپىتى ياخشىلاندى. نۆۋەتتە، باغراش كۆلى قۇشلار كۆچۈش سەپىرىدە توختايدىغان، ئوزۇقلىنىدىغان، كۆپىيىدىغان جايغا ئايلاندى.

نەق مەيداندا زىيارەت قىلغاندا، مۇخبىرلار كۆز ئالدىدىكى سۇ ئۆسۈملۈكلىرى بولۇق ئۆسكەن، ھايۋانلار پەيدا بولغان بۇ سۇلۇق يەرنىڭ ئىلگىرى قاقاسلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالدى. «ئىلگىرى دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ قالدۇقى بولغان ئېتىزدىن چىقىرىلغان سۇ كۆلگە قويۇپ بېرىلەتتى، ھازىر سۇ بىر تەرەپ قىلىنىدىغان ۋە سىغدۇرۇلىدىغان يەرگە باشلىنىپ، كۆل رايونىدىن يىراقلاشتۇرۇلۇپ، بىرتۇتاش تازىلاپ بىرتەرەپ قىلىنىدۇ.» دېدى دەريا بۆلىكى باشلىقى پېڭ سىكې.

«ئىلگىرى سۇ سۈپىتى ياخشى ئەمەس ئىدى، تۇپراق شورلىشىپ كەتكەچكە، پەقەت كۆممقوناق ۋە مايلىق ئاپتاپپەرەسلا تېرىغىلى بولاتتى، ھازىر بىز بۇغداي تېرىپلا قالماي، يەنە كۆپ خىل كۆكتات ئۆستۈرەلەيدىغان بولدۇق.» بالجىپ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: پۇقرالارنىڭ مۇھىت قوغداش ئېڭىمۇ ئۆستى، دەرياغا پاسكىنا سۇ قويۇپ بېرىدىغانلارنى بايقىسا، ۋاقتىدا دوكلات قىلىدۇ.

«پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىغا قارىتا بىر قاتار ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىندى، باغراش ناھىيەسىمۇ مۇھىت قوغداش ‹14 - بەش يىل›لىق يىرىك پىلانىنى تۈزدى، مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە تەدبىر ۋە تۈرلەرنى تۈزۈپ يولغا قويدى. ئېكولوگىيە تۈرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، باغراش كۆلى ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى سجىل ياخشىلاندى. بۇ يىل يىل ئاخىرىغىچە، باغراش كۆلىنىڭ سۇ سۈپىتى ئومۇمىي جەھەتتىن 3 - دەرىجىلىك سۇ ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈلىدۇ» دېدى لىۋ يى.

# ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇۋاتقان ياخشى ئاكا - ئۇكىلار

(بېشى 1 - بەتتە)

يېرجان بولسا باشقا يەردە ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇدى، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يەنە كارخانىغا بېرىپ ئىشلىدى. ئاتا - ئانىسى ياشىنىپ قالغان، ئائىلىسىدە ئەمگەك كۈچى بولمىغاچقا، 2002 - يىلى يېرجان كەنتكە قايتىپ كەلدى.

«قايتىپ كەلگەن ئىكەنسەن بىرەر پىلانىڭ بارمۇ؟» جاڭ جىخەي تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېرجاننىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇ چاغدا جاڭ جىخەي توي قىلىپ، بىر بالىلىق بولغان، تۇرمۇشى يامان ئەمەس ئىدى. جاڭ جىخەينىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن يېرجان ناھايىتى ئىللىقلىق ھېس قىلدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرى توغرىسىدا پاراڭلاشتى.

«ئاۋۋال يېرىمنى ياخشى تېرىپ، كۆپرەك پۇل تاپقۇم بار» دېدى يېرجان.

«پۇل تاپماقچى بولساڭ، تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ياخشى ئۆگەن، ئەنسىرىمە، مەن ساڭا ئۆگىتىپ قويىمەن» دېدى جاڭ جىخەي.

جاڭ جىخەي يېرجانغا يەر تېرىشنى قولمۇقول ئۆگەتتى، نېمە تېرىش، قانداق تېرىش، قانداق ئوغۇت ئىشلىتىش، قانداق ۋاقىتتا ئوغۇتلاشتىن تارتىپ زىرائەتلەرنى قانداق پەرۋىش قىلىشقىچە بولغان جەرياندا، باشتىن - ئاخىر دېگۈدەك مۇلازىمەت قىلدى. يېرجاننىڭ خىمىيەۋى ئوغۇت سېتىۋالغۇدەك پۇلى بولمىسا، جاڭ جىخەي ھەقسىز تەمىنلىدى؛ ھوسۇل پەسلىدە يېرجان ئۆزى يالغۇز يېتىشەلمىگەندە، جاڭ جىخەي ھەمىشە دەل ۋاقتىدا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولاتتى.

جاڭ جىخەينىڭ ياردىمىدە، يېرجان يەرنى بارغانسېرى ياخشى تېرىيدىغان بولدى، كىرىمىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. بۇ يىل ئىككىيلەن تېرىغان كېۋەزنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 400 كىلوگىرامغا، مو بېشى كىرىمى 2400 يۈەنگە يەتتى. يېرجانمۇ يېڭى ئۆي سالدى، 2014 - يىلى يەنە ئۆي - ئوچاقلىق بولدى.

يېرجان ئۆيدىكى بەش بالىنىڭ ئىچىدە ئۈچىنچىسى بولۇپ، ئىككى ئاچىسى بار، جاڭ جىخەي ئۇنىڭ ئاكام بولسىكەن دېگەن ئارزۇسىنى قاندۇردى؛ جاڭ جىخەي ئۆيىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولۇپ، يېرجان ئۇنىڭ «ئۆز» ئۇكىسى بولدى.

جاڭ جىخەي بىلەن يېرجان بىر - بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدۇ، تېلېفوندا سۆزلىشىپ تۇرغاندىن سىرت ئۆيلىرىگە بېرىشىپ يوقلىشىپ تۇرىدۇ، يېرجاننىڭ ئىككى بالىسىمۇ جاڭ جىخەينى بەك ياخشى كۆرىدۇ. بۇ يىل ئىككى بالىسىنىڭ يەسلىدە ئوقۇشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، يېرجان ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى يېزىدىكى يەسلىگە يېقىنراق يەردىن بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئالدى. جاڭ جىخەي ئۇكىسى ۋە جىيەنلىرىنى سېغىنغاندا، پات - پات ئاپتوموبىل ھەيدەپ بېرىپ يوقلاپ تۇرىدۇ.

«ھازىر بىز ئىككى ئائىلىنىڭ كۈنلىرى ناھايىتى ياخشى ئۆتۈۋاتىدۇ، بۇ يىل قىشتىكى ئارىسالدى ۋاقىتتا ئۇكام يەنە يېزىدىن خىزمەت تاپتى، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولدۇم.» جاڭ جىخەي مۇنداق دېدى: «بىز داۋاملىق تىرىشىپ، تۇرمۇشىمىزنى بارغانسېرى ياخشىلايمىز».

# چايقىلىپ تۇرغان زۇمرەتتەك سۇغا پېيىلغان «تور»دىكى بەخت

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى، خەۋىرى



شىنجاڭ تيەنيۈن ئورگانىك يېزا ئىگىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ سوغۇق سۇ بېلىقى باقمىچىلىق بازىسى (12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان).



▲ شىركەتتە ئىشلىگەندىن كېيىن، غۇسبان ئارالباي نىلقا ناھىيە بازىرىدىن يېڭى ئۆي سېتىۋالدى. (12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تارتىلغان)



◄ 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، خىزمەتچىلەر سوغۇق سۇ بېلىقى باقمىچىلىق بازىسى سېخىدا مەشغۇلات قىلماقتا.

«بۇ توردا 2000غا يېقىن بېلىق تۇتقىلى بولىدۇ، مۇز بىلەن بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، بازاردا ساتىمىز» دېدى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى نىلقا ناھىيەسىنىڭ قاراسۇ يېزىسى شىنجاڭ تيەنيۈن ئورگانىك يېزا ئىگىلىك چەكلىك شىركىتى(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ تيەنيۈن شىركىتى دېيىلىدۇ) سوغۇق سۇ بېلىقى باقمىچىلىق بازىسىنىڭ خىزمەتچىسى غۇسبان ئارالباي ئىشداشلىرى بىلەن بىللە تورنى يىغىپ بېلىق تۇتقاندا.

2014 - يىلى ھۆكۈمەتنىڭ سودىگەر چاقىرىشى بىلەن، تيەنيۈن شىركىتى نىلقا ناھىيەسىنىڭ قاراسۇ يېزىسىغا ماكانلىشىپ، مەبلەغ سېلىپ سوغۇق سۇ بېلىقى باقمىچىلىق بازىسى قۇردى. 2017 - يىلى تيەنيۈن شىركىتى قاراسۇ يېزىسىدىكى 609 نامرات ئائىلە بىلەن بىرلىشىپ، شىنجاڭ يۈشۈيچىڭ يېزا ئىگىلىك پاي چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ، نامرات كەنت ئاھالىلىرىگە كىرىمنى ئاشۇرىدىغان سۇپا بەرپا قىلىپ بەردى. ئۆسۈمسىز قەرز پۇل ئارقىلىق پاي قوشقان 609 نامرات ئائىلە ھەر يىلى قوشقان پاي نىسبىتى بويىچە بۆلۈپ بېرىلگەن پايدىغا ئېرىشتى.

غۇسبان ئائىلىسى مۇشۇ 609 ئائىلىنىڭ بىرى. «ئىلگىرى مەن پايچىك بولالايدىغانلىقىمنى، ھەر يىلى بۆلۈپ بېرىلگەن 3000 يۈەن پايدىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.» غۇسبان خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: مېنىڭ شىركەتتە ئىشلىگىنىمگە بەش يىل بولدى، مائاشىم 2000 يۈەندىن ئۆسۈپ ھازىر ئايدا 4500 يۈەنگە يەتتى.

«باقمىچىلىق بازىسىدا نۆۋەتتە 140تىن ئارتۇق ئادەم ئىشلەيدۇ، بۇلارنىڭ 70%ى شۇ جايدىكى دېھقان - چارۋىچىلار، بىز نامرات كەنت ئاھالىلىرىنى ئالدىن قوبۇل قىلدۇق، نۇرغۇن نامرات ئائىلە مۇشۇ سەۋەبتىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، كېيىنكى قەدەمدە كارخانىمىز يەنە ئىنچىكە پىششىقلاش تۈرلىرىنى يولغا قويىدۇ، ئىشچى ئىشلىتىش سانى يەنىمۇ ئاشىدۇ» دېدى تيەنيۈن شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى جاڭ شيۇ.

«ناھىيەمىز سوغۇق سۇ بېلىقى خاس باقمىچىلىقى، سېتىش، پىششىقلاش ۋە خاس ساياھەت تۈرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، شۇ جايدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھاللىق تۇرمۇشقا ئاتلىنىشىغا پۇختا ئاساس سالدى» دېدى نىلقا ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ھاسان مۇقامەتجان.

سۈرەتلىك ھېكايە

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)